## 221820 ـ بۇرۇن ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ رامىزاندا بۇرۇن يولى ئارقىلىق گالدىن ئۆتۈپ كەنكەن سۇيۇقلۇق روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ

### سۇئال

بۇرۇن ياللۇغى بولۇپ روزا تۇتقان بىمارنىڭ روزىسى قانداق بولىدۇ؟رامىزاندا بۇرنىنى تارتقاندا بۇرنىدىن گېلىغا شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار ئۆتۈپ كېتىدۇ؟ ئويغانغاندا بۇرنىدا قان بولسا ۋە ئېغىزىدا قاننىڭ تەمى تېپىلغان بولسا قانداق بولىدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئۆلىمالار بەلغەم ـ تۆپرۈكلەر روزا تۇتقۇچىنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنى يۇتىۋەتمەستىن سىرتقا چىقىرىۋەتسە روزىسى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىختىيارلىقسىز كىرىپ كەتتى.

شەيخ زەكەرىيا ئەلئەنسارى ئەششاپىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بەلغەم ـ تۆپرۈكلەر ئىختىيارسىز ئېغىزى ياكى بۇرنى ئارقىلىق گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە چىقىرۋېتىشدىن ئاجىز كەلسە ئۈزۈر بولغانلىقى ئۈچۈن روزىسى بۇزۇلمايدۇ". ["ئەسنا ئەلمەتالىب" ناملىق ئەسەر 1-توم 415-بەت].

ئەمما روزا تۇتقۇچى ئۆتۈپ كەتكەن بەلغەم ـ تۆپرۈكلەرنى سىرتقا چىقىرۋېتىشكە ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ يۇتۇۋەتكەن بولسا ئىمام شافىئى قاتارلىق بەزى ئۆلىمالار روزىسى بۇزۇلىدۇ دەيدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىپە، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئالىملار روزىسى بۇزۇلمايدۇ دەيدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھمۇ كېيىنكى قاراشنى تاللىغان. ["پىقھى ئىكسىپىلۇدىيىسى"36-توم 259-261-بەت].

ئىبنى نۇجەيم ئەلھەنىپىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "روزا تۇتقۇچى ئۆستى تەرىپىدىن بۇرنىغا بەلغەم كىرگەندە، بۇرنىنى تارتىپ گېلىغا كىرىپ كەتسە، قەستەنلىك بولمىسا ھېچ نەرسە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ تۆپۈرۈكنىڭ ئورنىدا بولىدۇ".
["ئەلبەھرۇررائىق شەرھى كۇنزۇددەقائىق" ناملىق ئەسەر 2-توم 294-بەت].

ئەننەپراۋىي مالىكى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مەيدىسىدىن چىقىپ تىلىغا كەلگەن خەپرۈك گەرچە چېقىرىۋېتىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ يۇتۇۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ، بەلغەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، تىلىغا كېلىپ قالغان

بەلغەمنى قەستەن يۇتنۇەتكەندىمۇ ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ". ["ئەلپەۋاكىئ ئەددەۋانى"ناملىق ئەسەر 1-توم 309-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بەلغەم ئىغىزغا كەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ دىمىغىدىن چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسا ۋە گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ بەلغەم بەدەنىنىڭ سىرتىغا يەتمىدى، ئىغىزمۇ بەدەنىنىڭ سىرتى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بەلغەم ئىغىزنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغاندا ئاندىن يۇتۇۋەتكەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئىغىزنىڭ ئۇچىغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇ بەدەنىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ"].

بۇ مەسىلىدە يەنە بىر قاراش بار، ئۇ بولسىمۇ: بەلغەم گەرچە ئىغىزنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن يۇتنۇەتسىمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ، بۇمۇ كۈچلۈك قاراش، چۈنكى بەلغەم ئىغىزدىن چىقمىدى، ئۇنى يۇتۇۋېتىش بىر نەرسە يېگەنلىك ۋە ئىچكەنلىك ھېسابلانمايدۇ". ["ئەششەرھۇل مۇمتىئ" ناملىق ئەسەر 6 ـ توم 424-بەت].

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: بۇرۇن ياللۇغى سەۋەبىدىن كىرگەن بەلغەم، تۈپرۈك، قان قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا روزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن يۇتنۇەتمەستىن سىرىتقا چىقىرىۋەتكەن ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالادىن سىزگە ساقلىق ـ ساغلاملىق تىلەيمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.